پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سۈپەت دەرىجىسى تېخىمۇ ئەلالاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى سىستېمىسىنى كۆپ يىل يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئېتىبار سىياسەتلەر مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تىجارەت - سودا مۇھىتى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا كارخانىلار پېيىنى بازارغا سېلىشتا «پەلەمپەيسىمان ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، جىپسىلاشتۇرۇشى تەرتىپلىك بولۇش، سىجىل تۈرتكە بولۇش»تەك ئەندىزە شەكىللەندۈرۈلدى. بۇ يىل، پېيى بازارغا سېلىنغان ئۈچ كارخانىدىن سىرت، بونا كىنوچىلىق گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى پاي چېكى تارقىتىشنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى، شىنجاڭ بوشىرەن ئەقلىي ئىقتىدارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پاي چەكلىك شىركىتى قاتارلىق تۆت كارخانىنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشى تەكشۈرۈپ بېكىتىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. شىنجاڭ خۇيخې بانكا پاي چەكلىك شىركىتى شياڭگاڭ بىرلەشمە سودا بازىرىغا پېيىنى بازارغا سېلىش ئىلتىماسىنى سۇندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە 21 كارخانا شىنجاڭ ئاكسىيە نازارەتچىلىكى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش، ئەنگە ئېلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلىرى پېيىنى بازارغا سېلىش قىزغىن دولقۇنى قايتا كۆتۈرۈۋالدى، بۇ، ئالدى بىلەن سىياسەت جەھەتتىن يۆلەشنىڭ پايدىسىدىن بولدى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدا، دۆلىتىمىز كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، رويخەتكە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يېڭى ئۈچ بۆلەكنى ئىسلاھ قىلىپ، پاي ھوقۇقىنىڭ ئوبوروتچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كاپىتال بازىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز جانلاندۇردى. بولۇپمۇ جۇڭگو ئاكسىيە نازارەتچىلىكى كومىتېتى شىنجاڭغا «ئىلتىماس قىلغان ھامان تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ھامان تارقىتىش»تىن ئىبارەت يېشىل يول سىياستىنى بېرىپ، قانۇنلۇق، قائىدىلىك بولۇش ئالدىنقى شەرتىدە كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىز پېيى بازارغا سېلىنىدىغان زاپاس كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى ئۇدا كۆپ يىل يولغا قويۇپ، كاپىتال بازىرىغا كىرىپ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتكەن، ۋىۋىسكا ئاسقان، پېيىنى بازارغا سالغان ۋە مەبلەغ يۈرۈشتۈرگەن كارخانىلارغا مەخسۇس تۈردە تولۇقلىما ياردىمى بەردى. بۇ يىل 6 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى «نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرىنى قۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، رايون خاراكتېرلىك پاي ھوقۇقى بازىرىدا ۋىۋىسكا ئېسىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش، يېتىشتۈرۈش - يېتىلدۈرۈش، خۇسۇسىي تارقىتىشنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك بازاردا ئاشكارا تارقىتىش، پېيىنى بازارغا سېلىپ سودا قىلىشقىچە بولغان پۈتۈن زەنجىرلىك، كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، كارخانىلار پېيىنىڭ بازارغا سېلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن ياخشى تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىپ بەردى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلىرىدىن 857سى شىنجاڭ پاي ھوقۇقى سودا مەركىزىدە ۋىۋىسكا ئاستى، 62سى يېڭى ئۈچ بۆلەكتە ۋىۋىسكا ئاستى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كارخانىلارنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشتىكى يېتەرلىك، زاپاس، تولۇقلىما كۈچ.

تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تەرەققىيات سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈردى

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ئۈنۈملۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر پاي چەكلىك شىركىتى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغان تىپ. ««1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتى ئەسلىدە پولات - تۆمۈر كەسپىدىكى دەسلەپكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلاتتى، ئەمما بازار رىقابىتى كەسكىن، پايدىسى ئاز ئىدى. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەش ئارقىلىق، تاختا ماتېرىيال، قېلىپلاشقان ماتېرىيال، ئەلا سۈپەتلىك پولات مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنى ئاشۇردى، كارخانا كەسىپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتتى، ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئاشتى» دېدى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، باۋشەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر شياۋ گودۇڭ.

ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات، ئىشلىتىشنىڭ يۇغۇرۇلۇشى، ئاقىل ياسىمچىلىق، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر شىركىتىنىڭ يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتلىرىنىڭ نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، 2017 - يىلدىن باشلاپ ئۇدا تۆت يىل پايدا ئېلىپ، ئىلگىرىكى ئۇدا ئۈچ يىل زىيان تارتىش تارىخىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتتى.

بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، تيانشان ئاليۇمىنچىلىق گۇرۇھى پاي چەكلىك شىركىتى شېنجېندا قايتا تەشكىللىنىپ نامىنى ئۆزگەرتىش ھەم پېيىنى بازارغا سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، بۇ شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ مۇھىم، زور مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەشكە تۈرتكە بولۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك مىساللارنىڭ بىرى. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىكى ئۈنۈملۈك تۇتقا بولۇش سۈپىتى بىلەن، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدا پېيى بازارغا سېلىنغان 20 شىركەت مۇھىم، زور مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەشنى تاماملىدى، سودا سوممىسى 234 مىليارد 900 مىليون يۈەن بولدى، نۆۋەتتە يەنە ئۈچ شىركەت مۇھىم، زور مۈلۈكنى قايتا تەشكىللەشنى پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ.

تىپ ئۆزگەرتىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىش ئارقىلىق، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىكى، پولات - تۆمۈر قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەر ساغلاملىق، تېببىي دورا قاتارلىق يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرگە كىرىپ، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر ئىلگىرىكى يۇقىرى سېلىنما، يۇقىرى بۇلغىما، يۇقىرى سەرپىياتلىق ئەنئەنىۋى تەرەققىيات ئەندىزىسىدىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئەندىزىسىگە قاراپ تىپ ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، سودا ئەندىزىسى، ئاساسلىق تىجارەت كەسپى، باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش ھالقىما تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلدى

2016 - يىلدىن 2020 - يىلى 11 - ئايغىچە، شىنجاڭ كاپىتال بازىرى ئارقىلىق جەمئىي 293 مىليارد 462 مىليون يۈەن بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكى جەمئىي ئىشقا ئاشۇرۇلغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1.84 ھەسسىسىگە تەڭ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۇل ئەسلىھە، ئېنېرگىيە، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ تيەنشۈن تەمىنلەش زەنجىرى پاي چەكلىك شىركىتى 2018 - يىلى خەلقئارا تولۇق يۈكلۈك نۆۋەتچى ئايروپىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك قاتنىتىپ، ئۈرۈمچىدە ئۆتكەن ئون يىلدا تولۇق يۈكلۈك ئايروپىلان ئۇچماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. نۆۋەتتە، گېرمانىيەنىڭ خاخن، بېلگىيەنىڭ لىيېگې، ئاۋستىرىيەنىڭ ۋىيېننا، ئەنگلىيەنىڭ لوندون، رۇسىيەنىڭ موسكۋا قاتارلىق جايلىرىغا بارىدىغان نۇرغۇن خەلقئارا ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تيەنشۈن ئەشيا ئوبوروتى يەنە ۋاقىتلىق ھاۋا بوشلۇقى كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايرودۇروم، ئامباردا ساقلاش، سودا، ئىنچىكە پىششىقلاش قاتارلىق سىرتقا ئۇزارتىلغان كەسىپلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدەندى.

تيەنشۈن ئەشيا ئوبوروتى بىلەن شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى(گۇرۇھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى شېرىكلىشىپ ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى بىرلەشمە ترانسپورت چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇردى. بۇ شىركەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۈرۈمچى كۆپ شەكىلدىكى بىرلەشمە ترانسپورت مەركىزىنىڭ تىجارىتىنى پائال يۈرۈشتۈردى.

«نۆۋەتتە، شىركىتىمىزنىڭ جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپا قاتارلىق يۆنىلىشتىكى ئون دۆلەتتىكى 22 شەھەرگە قاتنايدۇ. بۇ ئاساستا، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا خاس سۈپەتلىك ماركا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ‹بىر بەلباغ، بىر يول›غا مۇلازىمەت قىلىدىغان كۆپ شەكىلدىكى بىرلەشمە ترانسپورت خاسلىقىنى ھەقىقىي نامايان قىلىمىز» دېدى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ تيەنشۈن تەمىنلەش زەنجىرى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋاڭ پېيۇ.

پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ تەرەققىياتى باج يىغىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېشىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى. «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەر تاپشۇرغان تاپاۋەت بېجى خىراجىتى جەمئىي 42 مىليارد 620 مىليون يۈەن بولدى؛ 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدىكى پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر جەمئىي 230 مىڭ 700 كىشى بولدى.

«14 - بەش يىل»غا نەزەر سالساق، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە يادرولۇق رايون بەش چوڭ مەركەز قۇرۇلۇشى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ كارخانىنىڭ پېيىنى بازارغا سېلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى، سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

2022 - يىلىغىچە بولغان ئۆلكە دەرىجىلىك ئېلېكتر تورىدىكى توك يەتكۈزۈش - تەقسىملەش باھاسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىغا قاتناشقان چوڭ سانائەت ئابونتچىلىرىغا قارىتىلغان توك يەتكۈزۈش - تەقسىملەش باھاسى سەۋىيەسى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىلىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، ھەر يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى چوڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش تەننەرخىنى 1 مىليارد 300 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئازايتقىلى بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىغا قاتناشمىغان چوڭ سانائەت ئابونتچىلىرىغا قارىتا باھاسى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن چوڭ سانائەت مۇندەرىجىسىدىكى توك سېتىش باھاسى ئىجرا قىلىنىدۇ، كونكرېت تۆۋەندىكىچە: بىرلىك توك باھاسى بىر كىلوۋولتتىن ئون كىلوۋولتقىچە بولسا ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.378 يۈەن، 35 كىلوۋولت بولسا ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.356 يۈەن، 110 كىلوۋولت بولسا ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.336 يۈەن، 220 كىلوۋولت ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولسا ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ باھاسى 0.310 يۈەن بولىدۇ؛ ئاساسىي توك ھەققى ئەڭ زور ئېھتىياج مىقدارى ياكى ترانسفورماتور سىغىمچانلىقى بويىچە ھەق ھېسابلىنىدۇ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 33 يۈەن/كىلوۋات . ئاي، 26 يۈەن/كىلوۋولت ئامپېر . ئاي بولىدۇ. يۇقىرى پەللە ۋاقىت بۆلىكىدىكى توك باھاسى مۇناسىپ تەڭشەلدى. تۆمۈر قېتىشمىسى، ئېلېكترولىزلانغان كۆيدۈرگۈچى ئىشقار قاتارلىقلاردىكى يۇقىرى سەرپىياتلىق توك باھاسى تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى ئېنېرگىيە باھاسى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: توك باھاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئېلېكتر تورىدا چوڭ سانائەت مۇندەرىجىسىدىكى سېتىلىدىغان توك باھاسى سەۋىيەسى ئاساسىي جەھەتتىن مەملىكەت بويىچە تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 7%تىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەش نىسبىتى 20%تىن يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئېلېكتر تورىدا چوڭ سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان توك مۇندەرىجىسىدىكى سېتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، بۇ قېتىمقى تەڭشەشتە 12 باھا رايونىدىكى چوڭ سانائەت مۇندەرىجىسىدىكى سېتىلىدىغان توكنىڭ باھاسى ئوخشاش بولۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چوڭ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش باھاسى تۆۋەنلىتىلىپ، دۆلەتنىڭ يېشىل تەرەققىيات باھا مېخانىزمىنىڭ تەلىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇشقا ماسلىشىشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، شۇنداقلا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش شارائىتىدا ئىستېمال بازىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىللاشقان، كۆپ مەنبەلىك تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى. يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭىچە ئىستېمالنى كېڭەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، مەسىلە يۆنىلىشى ۋە نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە ۋە مۇلازىمەت ئىقتىدارىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىستېمالنىڭ ھاياتىي كۈچىنى سىجىل ئۇرغۇتۇپ، توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى ئىستېمالنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىچە ئىستېمالنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «يىرىك پىلان پروگراممىسى»نى تۈزۈش، تەييارلاشتا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى روھىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىستراتېگىيەسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىدىغان، كەلگۈسى تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ياخشى پروگراممىنى ھەقىقىي تۈزۈپ چىقىش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كۆزلەپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىدىكى رايونلارنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، زورايتىپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى ئىلمىي بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان ئون جەھەتتىكى نۇقتىلىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. مۇھىم، زور تۈرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان بىر تۈركۈم مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار ۋە تىرەكلىك تۈرلەرنى قاراتمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىپ پىلانلاپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زاپاس كۈچنى ئاشۇرۇش، ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۆپەيتىش، يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش كېرەك. مەركەزنىڭ يىرىك پىلان تەكلىپى، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس يىرىك پىلانلىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ھەم ئۇنى مۇھىم مىزان قىلىپ، «يىرىك پىلان پروگراممىسى»نى تۈزۈش، تەييارلاش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شىنجاڭ يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ قۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ دائىرىلىك بىرلىك سەپ ئەندىزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەڭ دائىرىدە ئىتتىپاقلىشىش، كەڭ دائىرىدە بىرلىشىش ۋەزىپىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى كونكرېت تەدبىرى. يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا مۇجەسسەملەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش داۋامىدا يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىقنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا مۇلازىمەت قىلىش داۋامىدا يېڭى نەتىجىنى نامايان قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا يېڭى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇش داۋامىدا يېڭى قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش داۋامىدا يېڭى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەڭ چوڭ مەركەزداش چەمبەر سىزىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا ئورتاق كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پۈتۈن پارتىيەنىڭ خىزمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى كەڭ دائىرىدە قوزغاپ، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولىدىغان، ماسلىشىپ ھەمكارلىشىدىغان ئىجتىمائىيلاشقان كەڭ دائىرىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى مەسئۇل تارماقلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سىياسەت جەھەتتە يېتەكلەش، خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلىش، خىزمەت كۈچىنى سەپلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇۋاپىق مايىللىشىشى كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلىك سەپ خىزمىتى بىرلەشمە يىغىنىغا ئەزا ئورۇنلار فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشى كېرەك. بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشكىللەش شەكلى، پائالىيەت شەكلى، باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە ئايلىنىش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتىنى بەلگىلىك تەسىر كۈچىگە ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىجتىمائىي تەشكىلات قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار پۇقراۋى كارخانىلار ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلاردىكى باشقۇرغۇچى تېخنىك خادىملار، ۋاسىتىچى تەشكىلاتلار ۋە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى كەسپكارلىرى، ئەركىن كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، يېڭى تاراتقۇ كەسپكارلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى يېڭى جەمئىيەت قاتلىمىدىكى زاتلار 1 مىليون 700 مىڭدىن ئاشىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)